# 354944 ـ چۈشۈرۈۋېتىلگەن تۆرەلمىدىن ئېلىنغان ھۈجەيرىلەر ئىشلىتىلىندىغان (كوۋىد 19) كورۇنا ۋاكسىنىسىنى ئەملەشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

كورۇنا (كوۋىد19) ۋاكسىنىلىرىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن تۆرەلمىدىن ئېلىنغان ھۈجەيرىلەر ئىشلىتىلىندىكەن، بۇ تۈردىكى ۋاكسىنىلارنى ئەملەش توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### ئىخچام جاۋاپ

ئەگەر ۋاكسىنىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن تۆرەلمىدىن ئېلىنغان ھۈجەيرىلەر ئىشلىتىلسە، بىز بۇ تۆرەلمىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىسەك، بۇ تەبىئى چۈشۈرۈۋېتىلدىمۇ ياكى شەرئى يول بىلەن ياكى شەرئى يولغا ئۇيغۇن بولمىغان شەكىلدە قەستەن چۈشۈرۈۋېتىلدىمۇ؟ ئەگەر بۇنىڭ ئەسلى مەنبىيىنىڭ ئېنىق ھارام ئىكەنلىكىنى كەسكىن جەزىملەشتۈرەلمىسەك، ئۇ ۋاقىتتا بۇ ۋاكسىنىنى ئەملەش توغرا بولىدۇ، چۈنكى شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ھالاللىقدۇر.
بۇ مەسىلە مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەپسىلى جاۋاپقا قارالسۇن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

## ۋاكسىنىغا ھۈجەيرە غوللىرىنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى.

ئەسلى مەنبىيى ئېنىق ۋە توغرا بولغان ھۈجەيرە غوللىرىنى ۋاكسىنىغا ۋە دورىلارغا ئىشلەتسە توغرا بولىدۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ رۇخستى بىلەن، شەرئى يول بىلەن چۈشۈرۈۋېتىلگەن ياكى تەبىئي چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمىلەرنىڭ ھۈجەيرىسىنى ئىشلىتىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئەسلى مەنبىيى ھارام بولغان-چەكلەنگەن بولسا بۇنىڭدىن ئېلىنغان ھۈجەيرە غوللىرىنى ئىشلىتىش ھارام بولىدۇ-چەكلىنىدۇ، بۇ خۇددى شەرئى يولغا ئۇيغۇن بولمىغان ھالەتتە قەستەن چۈشۈرۈۋېتىلگەن تۆرەلمىدىن ئېلىنغان، ياكى ئىئانە قىلىنغان

تۇخۇمدان بىلەن ئىئانە قىلىنغان جانلىق ئىسپېرمىنىڭ ئارىسىنى قەستەن چاڭلاشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن تۆرەلمە ئىشلەپ چىقىرىپ ھۆجەيرە ئېلىشنى مەقسەت قىلغانغا ئوخشاشتۇر.

2003–يىلى مەككە مۇكەررەمەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغان "ئىسلام پىقھى ئاكادېمىيىسىدە" "ھۆجەيرە غوللىرىنى تېرىش ۋە يۆتكەش، شۇ ھۆجەيرىلەرنىڭ مەنبىيىنى تەپسىلى بايان قىلىش" تېمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئون يەتتىنچى قېتىملىق قۇرۇلتايدا قارار قىلىنغان باياناتلارنىڭ مەزمۇنى 108125 – نومۇرلۇق "غوللۇق ھۆجەيرىلەرنىڭ ھۆكمى" ناملىق سوئالنىڭ جاۋابىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان بولۇپ، قارارنىڭ تېكىستى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىشنى توغرا كۆردۇق.

ئىككىنچى:

## ۋاكسىنا ئەملەشنىڭ ھۆكمى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان "ئىسلام پىقھى ئاكادېمىيىسى قارارىدا" مۇنداق دېيىلگەن: بارلىق دۆلەتلەرنىڭ تۆرەلمىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھۆجەيرىسىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تۆرەلمە چۈشۈرۈۋېتىشكە قارشى تۇرۇشى زۆرۈر بولىدۇ، قانۇنسىز يوللار بىلەن ئېلىنغان ھۆجەيرىلەردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ساقلاشتا ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش توغرا بولمايدۇ.  دىنى جەھەتتە ئىشەنچىلىك بولغان شىركەتلەرنىڭ بۇ ھۆجەيرىلەرنى شەرئى يول بىلەن تېپىلاش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ ھۆجەيرىلەرنى تېرىش ئېھتىياجلىق بولغان كىشىلەرنى داۋالاش  ئىشلىرىغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ، چۈشۈرۈۋېتىلگەن تۆرەلمىدىن ئېلىنغان ھۆجەيرە ۋاكسىنىغا ئىشلىتىلگەن بولسا، بىز بۇ تۆرەلمىنىڭ تەبىئى يول بىلەن چۈشۈرۈۋېتىلگەنمۇ ياكى قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز يوللار بىلەن قەستەن چۈشۈرۈۋېتىلگەنمۇ بۇنى بىلمىسەك،  شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ھالال بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنى بۇ ھۆجەيرىنىڭ مەنبىيىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى كەسكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ۋاقىتتا بۇ ۋاكسىنىنى ئۇدۇرۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.